يېڭى باشلىنىش يېڭى مۇساپە

يۆلياگدى كەنتى ساياھەتچىلەرنى جەلپ قىلدى

# تاغ جىلغىسىدىن تارقىلار سەھرا پۇرىقى يىراقلاردا ئۈزۈلمەس يۇرت سېغىنىشى

5 - ئومۇمىي يىغىن روھى ئاساسىي قاتلامدا

□ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز گې يوۋجۇن، ئىختىيارىي مۇخبىر لىيۇ خۇي

12 - ئاينىڭ 5 - كۈنى، مورى قازاق ئاپتونوم ناھىيەسى ئېگىنبۇلاق يېزىسىنىڭ يۆلياگدى كەنتىگە باردۇق، كۆك رەڭلىك تاش تاختا ياتقۇزۇلغان كەنت يولىنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى قاتار - قاتار پېشايۋانلىق ئۆيلەردىن قەدىمىي پۇراق چىقىپ تۇراتتى، كۆل رەڭلىك كاھىش، سوقما تام، چىرايلىق قوياش، كۆك ئاسمانغا يىراقتىكى قارلىق تاغنىڭ قوشۇلۇشىدىن شەكىللەنگەن تىنچ، گۈزەل، ئازادە يېزا مەنزىرىسىنى كۆردۇق.

شۇ كۈنى، كەنت ئاھالىسى يەن شياڭبىن ئائىلىسى ئاچقان «يەنلاۋۋۇ قونالغۇسى»دا يەن شياڭبىن ۋە ئۇنىڭ خوتۇنى پېشايۋانلىق ئۆيدىكى يۇقراۋى قونالغۇدا ساياھەتكە كەلگەن ساياھەتچىلەرگە چۆشلۈك دېھقان تامقى تەييارلاۋاتاتتى. يەن شياڭبىننىڭ پېشايۋانلىق ئۆيى 100 يىلغا يېقىن تارىخقا ئىگە بولۇپ، تاشقى كۆرۈنۈشتە بۇرۇنقى ئۆينىڭ ئەسلىي قىياپىتى ۋە ئەندىزىسى ساقلاپ قېلىنغان، بىراق ئۆي ئىچى ئۆلچەمنى ئۆستۈرۈپ ئۆزگەرتىش ئارقىلىق زامانىۋى پۇراققا ئىگە قىلىنغانىدى. ساياھەتچىلەر بۇ يەردە WiFiدا تورغا چىقالايدۇ، سۇلۇق ھاجەتخانا ئىشلىتەلەيدۇ، يۇيۇنسا 24 سائەت ئىسسىق سۇ بار، ئۆلچەملىك ئاشخانىغا ھەممە ئەسلىھە تولۇق سەپلەنگەن.

يۆلياگدى كەنتىدىكى تۇنجى يۇقراۋى قونالغۇ ئاچقان كەنت ئاھالىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن، يەن شياڭبىن يۆلياگدى كەنتىنىڭ يېزا - كەنت ساياھىتىنىڭ تەرەققىيات مۇساپىسىگە گۇۋاھ بولدى.

«مەن ئىلگىرى ئىزچىل يەر تېرىيتتىم، قوشۇمچە دېھقانچىلىق ماشىنىسى مەشغۇلاتى قىلاتتىم، ئالدىنقى بىرنەچچە يىلدا كەنتكە كېلىدىغان ساياھەتچىلەرنىڭ بارغانسېرى كۆپىيىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، يەرنى ئۆتكۈزۈۋېتىپ، دېھقانچىلىق ماشىنىسىنى ئۆتكۈزۈپ بېرىپ، پېشايۋانلىق ئۆيۈمدە يۇقراۋى قونالغۇ ئاچتىم، ھەربىر ساياھەتچىنىڭ بىر كۈنلۈك ياتاق، تامقى 130 يۈەن، بىر يىلدا قىلغان كىرىمىم يەر تېرىغاندىكىدىن كۆپ ياخشى بولدى.» يەن شياڭبىننىڭ ئېيتىشىچە، بۇ بىرنەچچە يىلدا يۇقراۋى قونالغۇ تىجارىتىنىڭ بارغانسېرى ياخشىلىنىشىغا ئەگىشىپ، ئۇنىڭ قونالغۇسىمۇ ئۈزلۈكسىز كېڭىيىپ، دەسلەپكى بەش ئېغىزلىق ياتاق ئۆيدىن ھازىرقى 11 ئېغىزغا كۆپىيىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە، كەنتتە يۇقراۋى قونالغۇلارمۇ كۆپىيىپ 30دىن ئېشىپتۇ.

يۆلياگدى كەنتى ئىلگىرى تاغ جىلغىسىدىكى نامرات چەت جاي ئىدى، ئەمما، بۇ يەردە نۆۋەتتە شىنجاڭدا بىرقەدەر مۇكەممەل ساقلانغان ئەنئەنىۋى كەنت ۋە ئەنئەنىۋى ئۆرپ - ئادەتلەر بار. ھازىرغا قەدەر، كەنتتە يەنىلا 100 نەچچە يىل ئىلگىرىكى «پۈتۈن رامكىلىق ياغاچ قۇرۇلمىلىق» پېشايۋانلىق ئۆي - ئىمارەتلەر توپى ساقلىنىپ قالغان بولۇپ، ئاددىي ۋە قەدىمىي كەنتتىن قويۇق سەھرا مەدەنىيىتى پۇرىقى تارقىلىپ تۇرىدۇ.

يۆلياگدى كەنتى پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى يەن شياڭفۇ مۇنۇلارنى تونۇشتۇردى: يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ناھىيە 30 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىپ، يۆلياگدى كەنتىدە ئەنئەنىۋى كەنتلەرنى قوغداش ۋە ئېچىش خىزمىتىنى يولغا قويۇشنى پۈتۈن كەنت بويىچە ئالغا سىلجىتىپ، ئەنئەنىۋى كەنتنىڭ قىياپىتىنى ئۇزۇل - كېسىل ئەسلىگە كەلتۈردى. پۈتۈن كەنتتىكى 144 ئائىلىلىك ئەنئەنىۋى تۇرالغۇنى رېمونت قىلىپ، دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈپ، ھەم ئەنئەنىۋى تۇرالغۇلارنىڭ تاشقى ئەسلىي قىياپىتىنى قوغداپ ھەم كەنت ئاھالىلىرىنىڭ تۇرالغۇ مۇھىتىنى ياخشىلاپ، قويۇق سەھرا مەدەنىيىتى پۇرىقىغا ئىگە قەدىمىي، ئاددىي كەنت مەنزىرىسىنى بەرپا قىلىپ، «قەدىمىي تۈس، قەدىمىي پۇراق، قەدىمىي ئۇسلۇب، ساپ ئەسلىي ئېكولوگىيە»گە ئىگە ئەنئەنىۋى خاس كەنتنى شەكىللەندۈردى. بۇنىڭدىن باشقا، كەنت يەنە ئەنئەنىۋى مىللىي ئۆرپ - ئادەت، توي - تۆكۈن، بايرام مەدەنىيىتىگە ۋارىسلىق قىلىپ ۋە ئۇنى قايتا يارىتىپ، يۆلياگدى كەنتىگە كەلگەن ھەربىر ساياھەتچىگە بالىلىق چاغلىرىدىكى سەھرا ئەسلىمىلىرىنى ھېس قىلدۇردى. قەدىمىي كەنتنى تاماشا قىلىش، گۈزەل مەنزىرىلەردىن ھۇزۇرلىنىش، ئويۇن كۆرۈش، «يەرلىك مال»لارنى سېتىۋېلىش، مەززىلىك تائاملارغا ئېغىز تېگىش، يۇقراۋى قونالغۇدا قونۇش نۇرغۇن ساياھەتچىنىڭ بۇ يەرگە كېلىشتىكى سەۋەبى بولۇپ قالدى.

2014 - يىلى، يۆلياگدى كەنتى دۆلەتنىڭ 3 - تۈركۈمدىكى «جۇڭگودىكى ئەنئەنىۋى كەنت» تىزىملىكىگە كىرگۈزۈلدى. 2018 - يىلى، يۆلياگدى كەنتى يەنە «جۇڭگودىكى گۈزەل ئىستىراھەت يېزا - كەنتى»نىڭ بىرىگە ئايلاندى. يەن شياڭفۇ مۇنداق دېدى: ئەنئەنىۋى كەنتنىڭ «جەلپكار»لىقى ئاشتى، ساياھەتچىلىك يۆلياگدى كەنتىنىڭ تۈۋرۈك كەسىپلىرىنىڭ بىرىگە ئايلاندى.

2018 - يىلى 4 - ئايدا، ئۈرۈمچى شەھىرىدە كۆپ يىل تىرىشىپ ئىشلىگەن خۇ جيەنگاڭ ۋە خوتۇنى ئۇزاق يىل ئاچقان ئاشخانىسىنى ئۆتكۈزۈۋېتىپ، يۇرتى يۆلياگدى كەنتىگە قايتىپ كېلىپ، ئۆز ھويلىسىدا لەنيۆلياڭ قونالغۇسىنى ئاچتى.

«ھازىر 11 ئېغىز ياتاق ئۆيىمىز بار، 50 ئادەمنى قوندۇرالايمىز، 30 ئادەمگە بىرلا ۋاقىتتا تاماق تارتالايمىز.» خۇ جيەنگاڭنىڭ ئېيتىشىچە، ساياھەتچىلەرنىڭ كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ كىرىمىمۇ ئاشقان، ئەڭ ياخشى بولغان يىلى 200 مىڭ يۈەن ساپ كىرىم قىلغان.

ئەتراپتىكى قەدىمىي، ئاددىي پېشايۋانلىق ئۆيلەر، ئانچە يىراق بولمىغان جايدىكى قاتمۇقات تۇتاش كەتكەن تاغلار، مۇشۇنداق گۈزەل مەنزىرىلىك يۆلياگدى كەنتى ھەرقايسى ساھەدىكى سەنئەتكارلار ۋە سەنئەت مەكتەپلىرىدىكى ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلارنىڭ رېئال مەنزىرە سىزىش ئىجادىيىتى بازىسىغا ئايلاندى.

«ھەر يىلى يازلىق تەتىلدە ياغلىق ئاپتاپپەرەس، قىچا چېچەكلىگەندە، شىنجاڭ سەنئەت شۆيۈەنى قاتارلىق مەكتەپلەر ۋە سەنئەت تەربىيەلەش ئاپپاراتلىرىدىكى ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلار كەنتكە كېلىپ رېئال مەنزىرىلەرنى سىزىدۇ. ئۇلار بىر تۇرغانچە 10 - 20 كۈن تۇرىدۇ، بىز ياتاق - تاماققا مەسئۇل بولىمىز، بەزىدە ئاپتوموبىل بىلەن تەمىنلەپ، ئۇلارنى تاغقا رېئال مەنزىرىلەرنى سىزىشقا ئېلىپ چىقىمىز.» رېئال مەنزىرە سىزىش ساياھىتىنىڭ قىزىپ كېتەلىكىنى تىلغا ئالغاندا، يەن شياڭبىن مۇنداق دېدى: ئۇ چاغدا ئۆيىمىزدىكى ياتاقلار توشۇپ كېتىدۇ، يېتىشەلمەي قالغاندا، يەنە كەنت ئاھالىلىرىنى ياردەملىشىشكە تەكلىپ قىلىمىز.

يېزا - كەنت ساياھىتى جانلىنىپ، يۆلياگدى كەنتىنىڭ يېزا ئىگىلىك ئالاھىدە مەھسۇلاتلىرىنىڭ سېتىلىشىغا تۈرتكە بولدى. دېھقانلار قولدا تەييارلىغان موما، ماخار، گوكەي، خۇاجەر، پىنتوزا، ئۆزلىرى تېرىغان ئەمەن، سېرىق خۇاسەي، ئۆزلىرى قۇرۇتقان چەيزە قېقى، لازا قېقى، جاگدۇ قېقى، ئۆزلىرى باققان يەرلىك توخۇ قاتارلىق شۇ جايدىكىلەر ئۆزلىرى ئىستېمال قىلىدىغان دېھقانلارنىڭ «يەرلىك مال»لىرى ھازىر ساياھەتچىلەر تالىشىپ سېتىۋالىدىغان مالغا ئايلىنىپ، تاللاپ سېتىۋېلىنىپ شەخسىي ئاپتوموبىللارنىڭ ئارقا ساندۇقىغا قاچىلاندى.

كەنت ئاھالىسى شى چۈنمېي ئىككى يىل ئىلگىرى يېرىنى ئۆتكۈزۈۋېتىپ قىلغاندىن كېيىن، قولدا موما تەييارلاش ھۈنىرىنى قايتىدىن قولغا ئېلىپ، كەنتتە يەرلىك تونۇر مومىسى، قۇرۇتۇلغان موما سېتىشقا باشلىدى، سېتىلىشى ئىزچىل ياخشى بولدى، ساياھەتچىلىكنىڭ ئاۋات پەسلىدە بىر كۈنلۈك تىجارەت سوممىسى 2000 يۈەندىن ئاشتى. «ساياھەتچىلەر كۆپەيدى، يەرلىك ئالاھىدە مەھسۇلاتلارنى سېتىش ناھايىتى قولايلاشتى، بىز ساياھەتچىلىكنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتىن نەپكە ئېرىشىپ، ‹ساياھەتچىلىك تامقى›نى يېدۇق» دېدى شى چۈنمېي خۇشال ھالدا.

يەن شياڭفۇ مۇنداق بىلدۈردى: يۆلياگدى كەنتى يېزا - كەنت ساياھەتچىلىكىنىڭ تەرەققىياتىنى چۆرىدەپ، كەنت ئاھالىلىرىنى يېزىلاردا قولدا ئاچچىقسۇ تەييارلاش، قولدا كەسمە چۆپ تەييارلاش قاتارلىق ئەنئەنىۋى ھۈنەرلەرنى قايتىدىن قولغا ئېلىشقا ئىلھاملاندۇرۇپ، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاش كەسپىنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ساياھەت مەھسۇلاتلىرىنى بېيىتىپ، پۈتۈن كەنتنىڭ 1 -، 2 -، 3 - كەسىپلىرىنىڭ يۇغۇرما تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇپ، ئۆرپ - ئادەت ساياھىتى، رېئال مەنزىرە سىزىش ساياھىتى، تەتقىق قىلىش - ئۆگىنىش ساياھىتى قاتارلىق مەدەنىيەت - ساياھەت يۇغۇرما كەسىپ ھالىتىنى بەرپا قىلىپ، كەنت ئاھالىلىرىنى «ساياھەتچىلىك تامقى»نى تېخىمۇ مۇقىم، تېخىمۇ مەززىلىك يېيەلەيدىغان قىلدى.

# ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى 105 - قېتىملىق مۇدىرلار يىغىنى ئاچتى

(بېشى 1 - بەتتە)

ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، 3 - قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى تولۇق، دەل جايىدا ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ خىزمەت ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە، يېڭى دەۋردىكى خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنىڭ سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈشنى كۆزلەپ، نەزەرنى يەنىمۇ يىراقلارغا تاشلاپ، يۈزلىنىشنى يەنىمۇ ئېنىقراق كۆرۈپ، خىزمەتنى يەنىمۇ چوڭقۇرراق ئويلاپ، نىزام چىقىرىش، نازارەت قىلىش، ۋەكىللەر قاتارلىق خىزمەتلەرنى ئىجادىي ياخشى ئىشلەپ، خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنى ئىلمىي پىلانلاش ۋە ئالغا سىلجىتىش كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار تەكىتلەندى: مەۋقەنى ھازىرغا قويۇش بىلەن يىراق كەلگۈسىنى پىلانلاشنىڭ مۇناسىۋىتىنى ياخشى بىر تەرەپ قىلىش كېرەك. ھەم ھازىر كۆرگىلى بولىدىغان، ئەمەلىيلەشتۈرگىلى بولىدىغان خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلەش، ھەم ھازىر ئۈنۈم بېرىدىغان، ئۇزاققىچە ئىمكانىيەتلىك سىجىل بولىدىغان خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلەش، يەنە ھازىر ئۈنۈمى كۆرۈلمەيدىغان، لېكىن ئاساس سالىدىغان، نېگىزدىن باشقۇرىدىغان، كەلگۈسىگە پايدىلىق بولغان خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلەش كېرەك؛ «بىرلىككە كەلتۈرۈش» بىلەن «راۋانلاشتۇرۇش»نىڭ مۇناسىۋىتىنى ياخشى بىر تەرەپ قىلىش كېرەك. تۈرلۈك خىزمەتلەرنىڭ ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ نۇقتىلىق خىزمەتلىرى بىلەن بولغان باغلىنىش نۇقتىسى، بىرىكىش نۇقتىسىنى توغرا تېپىپ، پارتىيەنىڭ تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنىڭ ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇلۇشى، ئۈنۈملۈك ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈشىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. ئەلالاشتۇرۇپ بىرىكتۈرۈپ، بايلىقتىن ئورتاق بەھرىمەن بولۇپ، كۈچتىن ئورتاق بەھرىمەن بولۇپ، خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنىڭ ئومۇمىي بىرىكمە كۈچىنى شەكىللەندۈرۈش كېرەك؛ سۈرئەت بىلەن سۈپەتنىڭ مۇناسىۋىتىنى ياخشى بىر تەرەپ قىلىش كېرەك. بىر تەرەپتىن ۋاقىت، سۈرئەت قوغلىشىپ، خىزمەت رېتىمىنى تېزلىتىپ، خىزمەت ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈش كېرەك؛ يەنە بىر تەرەپتىن، سۈپەتكە تېخىمۇ ئەھمىيەت بېرىپ، ئەمەلىي ئۈنۈمنى كۆزلەپ، نىزام چىقىرىش خىزمىتىنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش، نازارەتچىلىك خىزمىتىنىڭ ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈش، ۋەكىللەر خىزمىتىنىڭ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈش، ئۆز قۇرۇلۇشىنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈشنى تىرىشىپ ئىشقا ئاشۇرۇپ، كېلەر يىللىق تۈرلۈك خىزمەتلەرنىڭ كۈچلۈك، تەرتىپلىك، ئۈنۈملۈك ئالغا سىلجىتىلىشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

يىغىندا مۇنداق كۆرسىتىلدى: دائىمىي كومىتېت ئورگىنىدىكى ھەرقايسى تارماقلار ئۆز ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، نىشان بەلگىلەپ جەڭ قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، خىزمەت ۋەزىپىلىرىنى يەنىمۇ بۆلۈپ، ئىنچىكىلەشتۈرۈپ، خىزمەت مۇھىم نۇقتىسى، خىزمەت تەرتىپى، خىزمەت سۈرئىتى، خىزمەت مەسئۇلىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، ھەقىقىي تۇتۇپ ئەمەلىي ئىشلەشتە چىڭ تۇرۇپ، مەڭگۈ بوشاشمايدىغان روھىي ھالەت، تاش - تۆمۈردە ئىز قالدۇرغۇدەك غەيرەت بىلەن، ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى تۇرمۇتۇر تۇتۇپ، ئەسلىي مەقسەت، بۇرچنى ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىشتە لاياقەتلىك جاۋاب قەغىزى تاپشۇرۇشى كېرەك.

(بېشى 1 - بەتتە)

باھالاش ئىسلاھاتى خىزمىتىنى پىلانلاپ، ئورۇنلاشتۇرما قىلىپ، شىنجاڭ مائارىپىنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولدى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، مائارىپ خىزمىتى كومىتېتىنىڭ شۇجىسى لى پېڭشىن يىغىنغا قاتناشتى ھەم سۆز قىلدى.

يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى مائارىپنى ئالدىن تەرەققىي قىلدۇرىدىغان ئىستراتېگىيەلىك ئورۇنغا قويۇشتا چىڭ تۇرۇپ، پارتىيە ئۈچۈن ئادەم تەربىيەلەش، دۆلەت ئۈچۈن ئىختىساسلىقلارنى يېتىشتۈرۈش يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇپ، پارتىيەنىڭ مائارىپ فاڭجېنى ۋە پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ مائارىپ خىزمىتى توغرىسىدىكى تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇردى، شىنجاڭنىڭ مائارىپ ئىشلىرىدا غايەت زور ئۆزگىرىش بولدى. پۈتۈن ئاپتونوم رايون مائارىپ سىستېمىسى سىياسىي يۇكسەكلىكنى ئۆستۈرۈپ، مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى، بۇرچ تۇيغۇسى، تەخىرسىزلىك تۇيغۇسىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، توغرا يۆنىلىشتە چىڭ تۇرۇپ، نىشان - ۋەزىپىلەرنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، كەلگۈسى بەش يىلدىكى شىنجاڭ مائارىپ ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى سىستېمىلىق پىلانلاپ، يېڭى مۇساپىنى باشلاپ، يېڭى پەللىگە كۆتۈرۈشى كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار تەكىتلەندى: پۈتۈن ئاپتونوم رايون مائارىپ سىستېمىسى ئىدىيەۋى يېتەكچىلىكتىن ئىبارەت بۇ ئاساسىي لىنىيەنى پۇختا ئىگىلەپ، قەتئىي تەۋرەنمەي شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسى ئارقىلىق روھنى تاۋلاپ ئادەم تەربىيەلەپ، كادىرلار، ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلارنى ئۈزلۈكسىز ھالدا «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىش، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىش، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇشقا تەربىيەلىشى، يېتەكلىشى كېرەك. ئەخلاق ئارقىلىق ئادەم تەربىيەلەشتىن ئىبارەت تۈپ ۋەزىپىنى پۇختا ئىگىلەپ، ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيەسى ۋە سوتسىيالىستىك يادرولۇق قىممەت قارىشى تەربىيەسىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، جۇڭخۇا مىللىتى ئورتاق گەۋدىسى ئېڭىنى مۇستەھكەملەپ، ئىدىيەۋى - سىياسىي نەزەرىيە دەرسى ئىسلاھاتىدا يېڭىلىق يارىتىشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، «بەش تەربىيە»نى تەڭ تۇتۇشتا چىڭ تۇرۇپ، مەكتەپ، ئائىلە، جەمئىيەت ماسلىشىپ ئادەم تەربىيەلەش مېخانىزمىنى تاكامۇللاشتۇرۇشى كېرەك. دۆلەت ئورتاق تىل - يېزىقى مائارىپىنى سىجىل ئالغا سىلجىتىپ، ئىمتىھان ئارقىلىق ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش تۈزۈمى ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، ئوقۇش يېشىغا يەتمىگەن بالىلار مائارىپى، مەجبۇرىيەت مائارىپى، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ باسقۇچى مائارىپى، كەسپىي مائارىپ، ئالىي مائارىپنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىپ، مائارىپ ساھەسىدىكى «قويۇپ بېرىش، باشقۇرۇش، مۇلازىمەت قىلىش» ئىسلاھاتىنى سىجىل چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئىسلاھاتتا يېڭىلىق يارىتىش ئارقىلىق مائارىپ تەرەققىياتىدىكى قىزىق نۇقتا، قىيىن نۇقتا مەسىلىلىرىنى ھەل قىلىشى كېرەك. ئۆگىنىشچان جەمئىيەت قۇرۇشتىن ئىبارەت بۇ يۆنىلىشنى پۇختا ئىگىلەپ، ئومۇمىي خەلقنىڭ ئۆمۈرۋايەت ئۆگىنىشىگە مۇلازىمەت قىلىدىغان مائارىپ سىستېمىسىنى پائال بەرپا قىلىشى كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار تەكىتلەندى: يۇقىرى سۈپەتلىك مائارىپ سىستېمىسى بەرپا قىلىشنى كۆزلەپ، «يېڭى دەۋردىكى مائارىپنى باھالاش ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش ئومۇمىي لايىھەسى»نىڭ تەلىپى بويىچە، مائارىپنى باھالاش ئىسلاھاتىدا يېڭى بۆسۈش ھاسىل قىلىشقا پۇختا تۈرتكە بولۇپ، ھەر دەرىجىلىك، تۈرلۈك مەكتەپلەرنى ئەخلاق ئارقىلىق ئادەم تەربىيەلەش تۈپ ۋەزىپىسىنى ئەستايىدىل ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە يېتەكلەپ، ئوقۇتقۇچىلارنى ئوقۇتۇش ئارقىلىق ئادەم تەربىيەلەش مەسئۇلىيىتىنى تېخىمۇ ياخشى ئادا قىلىشقا يېتەكلەپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەخلاقىي، ئەقلىي، جىسمانىي، گۈزەللىك، ئەمگەك جەھەتلەردە ئەتراپلىق يېتىلىشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، جەمئىيەتنى توغرا ئادەم ئىشلىتىش يۆنىلىشنى تۇرغۇزۇشقا يېتەكلەپ، مائارىپ تەرەققىياتىنىڭ ياخشى مۇھىتىنى كۈچەپ بەرپا قىلىش كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار تەكىتلەندى: پارتىيەنىڭ مائارىپ خىزمىتىگە بولغان ئومۇميۈزلۈك رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇپ ۋە ئۇنى كۈچەيتىپ، توغرا مەكتەپ باشقۇرۇش يۆنىلىشىدە باشتىن - ئاخىر چىڭ تۇرۇشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. ھەر دەرىجىلىك پارتىيە كومىتېتلىرىنىڭ مائارىپ خىزمىتى رەھبەرلىك گۇرۇپپىلىرى، مائارىپ خىزمىتى كومىتېتلىرى ۋە ھەر دەرىجىلىك مائارىپ مەمۇرىي تارماقلىرى تەشكىلات سىستېمىسىنى يەنىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈپ، خىزمەت ۋەزىپە - مەسئۇلىيىتىنى راۋانلاشتۇرۇپ، ھەردەرىجىلىك مېخانىزمنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، پائال مەسئۇلىيەتنى زىممىگە ئېلىپ نەتىجە يارىتىپ، خەلق رازى بولىدىغان مائارىپنى تىرىشىپ ياخشى باشقۇرۇپ، مائارىپنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتى ئارقىلىق شىنجاڭنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىنى كۈچلۈك تىرەك بىلەن تەمىنلىشى كېرەك.

ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى سۈن خۇڭمېي يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى.

# ئاپتونوم رايونىمىز تۇنجى دۆلەتلىك رايون داۋالاش مەركىزىنى قۇرۇشقا تەييارلىق قىلدى

(بېشى 1 - بەتتە)

2019 - يىلى، ئاپتونوم رايونىمىز 1 - تۈركۈمدىكى «1+10» رايون داۋالاش مەركىزى قۇرۇلۇشىنى نۇقتىدا سىناق قىلىدىغان ئۆلكىلەر قاتارىغا كىرگۈزۈلدى. ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى بېيجىڭ بالىلار دوختۇرخانىسى بىلەن ھەمكارلىق كېلىشىمى ئىمزالاپ، بېيجىڭ بالىلار دوختۇرخانىسىنىڭ ئاپتونوم رايونلۇق بالىلار دوختۇرخانىسىنى ئومۇميۈزلۈك ھاۋالىلىك باشقۇرۇپ، دۆلەتلىك بالىلار رايون داۋالاش مەركىزىنى ئورتاق قۇرۇشنى رەسمىي بېكىتتى.

بېيجىڭ بالىلار دوختۇرخانىسىنىڭ دوختۇرخانا باشلىقى نى شىن مۇنداق تونۇشتۇردى: بۇ دۆلەتلىك بالىلار رايون داۋالاش مەركىزى ئون يىلنى مۇددەت قىلىپ قۇرۇلۇش باشلايدۇ، دۆلەت تەرەققىيات ۋە ئىسلاھات كومىتېتى ھەم ئاپتونوم رايونلۇق تەرەققىيات ۋە ئىسلاھات كومىتېتىنىڭ زور كۈچ بىلەن قوللىشىدا، ئالدىنقى بەش يىلدا 800 كارىۋاتلىق كېسەلخانا بىناسى سېلىنىپ، بالىلار كېسەللىكلىرى بويىچە قۇتقۇزۇش - داۋالاش قاتتىق دېتال ئەسلىھەلىرى ياخشىلىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە، بېيجىڭ بالىلار دوختۇرخانىسى شىنجاڭغا ئۇزاق مۇددەت تۇرۇشقا دوختۇرخانا باشلىقى ئەۋەتىدۇ ۋە مۇتەخەسسىسلەرنى تاللاپ شىنجاڭغا ئەۋەتىدۇ، شۇنداقلا داۋالاش بىرلەشمە گەۋدىسى ۋە يىراق مۇساپىلىك داۋالاش ھەمكارلىق تورى ئارقىلىق، تور ۋە تور سىرتى شەكىللىرىنى قوللىنىپ ئىختىساسلىقلارنى يېتىشتۈرۈش، تېخنىكا چىقىرىش قاتارلىقلارنى قانات يايدۇرۇپ، شۇ جايدىكى بالىلار كېسەللىكلىرى بۆلۈمىنىڭ ئومۇمىي داۋالاش مۇلازىمىتى سەۋىيەسىنى ئۆستۈرىدۇ.

«ئاق قان كېسىلى، باش سۆڭىكى ئۆسمىسى، لىمفا ئۆسمىسى بالىلارنىڭ ھاياتىغا خەۋپ يەتكۈزىدىغان كېسەللىكلەر، ئىلگىرى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى بىر قىسىم ئېغىر بالىلارنىڭ كېسىلىگە ئىچكىرى رايونلارغا ئاپىرىپ دىياگنوز قويدۇرۇشقا توغرا كەلگەنلىكتىن، ئائىلىسىنىڭ داۋالىنىش يۈكى زور دەرىجىدە ئېشىپ كېتەتتى-دى.» ئاپتونوم رايونلۇق بالىلار دوختۇرخانىسىنىڭ مۇئاۋىن دوختۇرخانا باشلىقى لو شىنخۇي مۇنداق بىلدۈردى: «بېيجىڭ بالىلار دوختۇرخانىسىنىڭ ھەر تەرەپلىمە ھاۋالىلىك باشقۇرۇشى بىلەن، بىز كەمتۈكلۈكلەرنى تولۇقلاش، ئاجىز تۈرلەرنى كۈچەيتىش، سۈپەتنى ئۆستۈرۈش ئارقىلىق، بالىلار كېسەللىكلىرىنى دىياگنوز قويۇپ داۋالاش سەۋىيەسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ، ئېغىر بالىلارنى شىنجاڭدىن چىقماي ئۈنۈملۈك تېببىي داۋالىنىپ ساقىيىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىمىز».

ئاپتونوم رايونلۇق سەھىيە - ساغلاملىق كومىتېتى پارتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى، مۇئاۋىن مۇدىر لىيۇ جيەنگو مۇنداق بىلدۈردى: بۇنىڭدىن كېيىن، دۆلەتلىك بالىلار رايون داۋالاش مەركىزى قۇرۇلۇشىنىڭ تەرەققىياتىغا پايدىلىق تېخىمۇ كۆپ سىياسەتلەرنى تۈزۈپ چىقىرىپ، ئۇزاق ئۈنۈملۈك مېخانىزم شەكىللەندۈرۈپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ بالىلار داۋالاش - سەھىيە ئىشلىرىنىڭ سىجىل ساغلام تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرىمىز.